# ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرايلى

## ـــ جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

70 يىل ئىلگىرى يۈزبەرگەن ئاشۇ ئۇرۇشنى جاھانگىر تاجاۋۇزچىلار جۇڭگو خەلقىگە زورلاپ تاڭغان. ئامېرىكا ئۆكتەملىك بىلەن چاۋشيەنگە ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇش قوزغاپ ھەم جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇرۇشىغا پىسەنت قىلماي، ئۇرۇش ئوتىنى يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت زېمىنىغا تۇتاشتۇرغان خەتەرلىك پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتى قەتئىيلىك بىلەن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرتنى مۇھاپىزەت قىلىپ ۋەتەننى قوغداشتەك تارىخىي خاراكتېرلىك تەدبىر چىقارغان، قورقماس قەھرىمانلىق جاسارىتى بىلەن تىنچلىقنى قوغداشنىڭ تارىخىي بۇرچىنى كەسكىنلىك بىلەن زىممىسىگە ئالغان. بۇ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى تۇنجى مەيدان چوڭ كۆلەمدىكى خەلقئارالىق دائىرىلىك ئۇرۇش، كۈچ جەھەتتە ئىنتايىن تەڭلەشمىگەن، ئىنتايىن جاپالىق شارائىتتا، قەھرىمان جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى ھەققانىيەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چاۋشيەن خەلقى ۋە ئارمىيەسى بىلەن بىرلىكتە، ئىككى يىل توققۇز ئاي پىداكارلىق كۆرسىتىپ قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ، تىنچلىقنى قوغداش، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش ھەققانىيەت جېڭى، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە خەلق ئارمىيەسىنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى ئەۋج ئالدۇرغان ۋە نۇرلاندۇرغان، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا رەھىمسىز ئۇرۇشتا چېنىققان خەلق ئارمىيەسىنى تاۋلىغان، يېڭى جۇڭگونىڭ دۆلەت ھەيۋىسى ۋە خەلق ئارمىيەسىنىڭ ئارمىيە ھەيۋىسىنى كۆرسەتكەن، يەر ـ جاھاننى لەرزىگە سالىدىغان، ئىنتايىن تەسىرلىك ئۇرۇش مۆجىزىسىنى ياراتقان. بۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلق ئورتاق پۈتكەن سەلتەنەتلىك زەپەر مارشى بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ زوراۋانلاردىن قورقمايدىغان، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدايدىغان قەتئىي ئىرادىسى ۋە قۇدرەتلىك كۈچىنى تولۇق نامايان قىلغان، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا ئورنىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگەن، پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگەن مىللەتلەر ۋە خەلقنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ۋە خەلق ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ھەققانىيەت ئىشلىرىغا زور دەرىجىدە ئىلھام بولغان، دۇنيا تىنچلىقى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتقان.

ئىلگىرىكى ئىشلاردىن ئۆرنەك ئالغاندىلا، كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى بىلگىلى بولىدۇ. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى غەلىبە قىلغاندىن بۇيان، جۇڭگودا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈزبەردى. پارتىيەمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، جاسارەت بىلەن ئىزدىنىش ئىشلەپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ياراتتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاچتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسىدىن ئۈمىد بار، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى پارلاق ئىستىقبالنى كۈتۈۋالدى. بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، دۆلىتىمىز دەل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، پارتىيەمىز خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارماقتا. جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش دەل تەرەققىيات تەپەككۇرى، يىراقنى كۆزلەيدىغان نەزەر بىلەن تارىخقا تەپسىلىي قاراپ چىقىپ، ئەمەلىيەتنى كۆزىتىپ، كەلگۈسى ئۈستىدە ئويلىنىپ، تارىخىي تەجرىبىلەرنى تېخىمۇ ياخشى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئەمەلىي ۋە يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتكە ئېرىشىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈش.

جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ كۈچ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى تۈپ سەۋەبى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ ھەققانىي بولغانلىقىدا. بۇ مەيدان ھەققانىيەت ئۇرۇشى پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىقنى سۆيىدىغان دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ھېسداشلىقى، قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ھەققانىيەت قوشۇنى ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جاھانگىرلارنىڭ كۈچ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى، ئاسىيا ھەمدە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدىدى. «بىزنىڭ ئىشىمىز ھەققانىي ئىش، ھەققانىي ئىشنى ھەرقانداق دۈشمەن بۇزۇۋېتەلمەيدۇ.» جۇڭگو خەلقى تىنچلىقنى قىزغىن سۆيىدۇ، تىنچلىقنى قەدىرلەيدۇ، دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغداش، زومىگەرلىككە ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىغا قارشى تۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىدۇ، ھە دېسىلا قورال كۈچىنى ئىشقا سېلىش ياكى قورال كۈچى بىلەن تەھدىت سېلىش ئارقىلىق خەلقئارا تالاش ـ تارتىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. ئاتالمىش «دېموكراتىيە» «ئەركىنلىك» «كىشىلىك ھوقۇق» قاتارلىقلارنى دەستەك قىلىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا خالىغانچە ئارىلىشىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا، بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، قەتئىي تەۋرەنمەي تىنچ تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىمىز كېرەك، تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، خەلقئارا ئەخلاق ـ ھەققانىيلىق تەرىپىدە تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭگو ئارزۇسى، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا تاۋلىنىپ شەكىللەنگەن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھى تولىمۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق بولۇپ، جەزمەن جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنى بارلىق جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ، بارلىق كۈچلۈك دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.» ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە خەلق ئارمىيەسىنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتىنىڭ جانلىق كارتىنىسى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى ۋە مىللىي پەزىلىتىنىڭ مەركەزلىك نامايەندىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان مىللىي روھنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا، بىز يەنىلا تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا دۇچ كېلىمىز، تۈرلۈك قىيىنچىلىق، ئەگرى ـ توقايلىقلارغا دۇچ كېلىمىز، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، كۈرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كۈرەش قىلىش ماھارىتىنى كۈچەيتىپ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى بېسىپ چۈشىدىغان، قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيدىغان ئىرادە ۋە جاسارەت بىلەن، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىشىمىز كېرەك.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى بىزگە شۇنى بىلدۈردىكى، ئويغانغان، ۋەتەنىنىڭ شان ـ شەرىپى، مۇستەقىللىقى ۋە خەۋپسىزلىكى ئۈچۈن جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان مىللەتنى يەڭگىلى بولمايدۇ، ھەر قانداق كىشى، ھەر قانداق كۈچ زومىگەرلىك ۋاسىتىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى جۇڭگوغا مەجبۇرىي تېڭىشقا، جۇڭگونىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشكە، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى يارىتىش تىرىشچانلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇندىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ. يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى مۇساپىنى باشلاپ، بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بوران ـ چاپقۇنغا قارىماي ئالغا ئىلگىرىلەيلى. تارىخ شۇنى مۇقەررەر ئىسپاتلايدۇكى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشكە قاراپ يۈرۈش قىلغان تارىخ قەدىمىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 3 ـ بەتتە)

جيۇ شاۋيۈننىڭ جەسىتىنى جەڭ مەيداندىن كۆتۈرۈپ چۈشكەن پىدائىي قىسمىنىڭ پېشقەدەم جەڭچىسى خەن يۈەنچۈەن ئەينى ۋاقىتتىكى كۆرۈنۈشنى ئەسلەپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي مۇنداق دېدى: «بويىنىڭ ئېگىزلىكى 1.7 مېتىردىن ئاشىدىغان ئادەم كۆيۈپ پەقەت 70 سانتىمېتىرچە قاپتۇ، شۇ كۆرۈنۈشنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇيالمايمەن...»

بۇ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، باشتىن ـ ئاخىر كۆتۈرەڭگۈ جەڭگىۋارلىقنى ساقلايدىغان ئىنقىلابىي ئۈمىدۋارلىق روھى مېلودىيەسى ـــ

شاڭگەنلىڭ چوققىسى ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ «قايغۇ چوققىسى». 43 كېچە ـ كۈندۈزلۈك شىددەتلىك جەڭدە، دۈشمەن 3.7 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ ئېگىزلىككە 1 مىليون 900 مىڭدىن ئارتۇق زەمبىرەك ئوقى ئاتتى، 5000دىن ئارتۇق بومبا تاشلىدى. پىدائىي قىسىمنىڭ قەيسەرلىك بىلەن مۇداپىئە كۆرۈشى نەتىجىسىدە، تالاپەتكە ئۇچرىغانلار 25 مىڭغا يەتكەن دۈشمەن ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمىدى. پىدائىي قىسىم ھەل قىلغۇچ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، شاڭگەنلىڭ ئىستىھكامىنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋېلىپ ھەم مۇستەھكەم ئىشغال قىلىپ، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تارمار قىلدى.

ئۇرۇشتىن كېيىنكى شاڭگەنلىڭ چوققىسى ئىككى مېتىر تۆۋەنلەپ، بىر مېتىردىن كۆپرەك قېلىنلىقتا شېغىل پەيدا بولدى، بىر ئوچۇم شېغىلدىلا ئون نەچچە پارچە زەمبىرەك ئوقى پارچىسى چىقاتتى. پىدائىي قىسىم دۇنيا ئۇرۇش تارىخىدا مۇداپىئەلىنىش جېڭىنىڭ مۆجىزىسىنى ياراتتى.

پىدائىي قىسىم ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ياش جەڭچىلىرى پايانسىز بوشلۇقتا ئېلىشىپ، «بوشلۇقتا نەيزىۋازلىق قىلىش» جاسارىتى بىلەن، «كوزىر» دەپ نامى بار ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى، دۈشمەننىڭ 330 ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ، 95 ئايروپىلانىنى زەخىملەندۈرۈپ، دۇنيا ھاۋا ئۇرۇشى تارىخىدا مۆجىزە ياراتتى.

پىدائىي قىسىم قوماندان ـ جەڭچىلىرى كېيىنكى مەزگىلدىكى بازىنى چىڭ ساقلاش جېڭىدە، دائىم بىرنەچچە كۈنگىچە سۇ ئىچەلمەي، كالپۇكلىرى قۇرۇپ يېرىلىپ قاناپ كەتتى، يەنە بەزىلەر لەخمىدە ئۇزاق تۇرغاچقا، تون قارنىغۇسى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بىراق كۆپچىلىك باشتىن ـ ئاخىر ئىنقىلابىي ئۈمىدۋارلىق روھىنى ساقلاپ، جەڭ ئارىلىقىدا ھېكايە ئېيتىشىپ، ئويۇن قويۇشۇپ، ئۆزئارا جەڭگىۋارلىقنى ئۇرغۇتتى. كۆپچىلىك ئامالىنىڭ بارىچە ئۆزىنىڭ «بازا ئۆيى»نى تۈزەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ زەمبىرەكتىن مۇداپىئەلىنىش ئاكوپىغا «تۆھپە قوشۇش ئاكوپى» «قەھرىمانلار ئاكوپى» «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ئاكوپى» «غەلىبە ئاكوپى» دەپ نام قويدى.

بۇ، ۋەتەن ۋە خەلق يۈكلىگەن بۇرچنى تاماملايدىغان، مەرد ـ مەردانىلىك بىلەن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلايدىغان ئىنقىلابىي سادىقلىق روھى سەھىپىسى ـــ

20 ـ جۈندىكى لىيەنجاڭ ياڭ گېنسى ئامېرىكا ئارمىيەسى قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش 1 ـ شىسىنىڭ سەككىز قېتىملىق ھۇجۇمىنى ئارقا ـ ئارقىدىن چېكىندۈرگەندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە پارتلاتقۇچ بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ دۈشمەننى ھالاك قىلىش بىلەن تەڭ قۇربان بولدى. ياڭ گېنسى ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئېلىندى، ئۇ تۇرۇشلۇق لىيەندۈيگە «ياڭ گېنسى لىيەنى» دەپ نام بېرىلدى، بۇ نام تاكى بۈگۈنگە قەدەر خەلق ئارمىيەسى تەرتىپىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

شاڭگەنلىڭ جېڭىدە، داڭلىق كۈرەش قەھرىمانى خۇاڭ جىگۇاڭ ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىپ پىلموتنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، قىسىمنىڭ قايتۇرما زەربە بېرىشىگە غەلىبە يولى ئېچىپ بەردى، ئۇنىڭغا پىدائىي قىسىم ئالاھىدە دەرىجىلىك قەھرىمانى ۋە چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قەھرىمانى، دەپ نام بېرىلدى.

خۇاڭ جىگۇاڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، رەئىس ماۋزېدۇڭ ئۇنىڭ ئانىسى دېڭ فاڭجىنى جۇڭنەنخەيگە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ، سەممىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى: «دېڭ فاڭجى ئانا، سىز خۇاڭ جىگۇاڭنى ئىنتايىن ياخشى تەربىيەلەپسىز، ئۇنىڭغا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپسىز».

جۇمھۇرىيەت داھىيسى بىلەن قەھرىماننىڭ ئانىسىنىڭ قوللىرى چىڭ سىقىلدى. ماۋزېدۇڭنىڭ ئوغلى ماۋ ئەنيىڭمۇ پىدائىي قىسىمنىڭ جەڭچىسى ئىدى. 1950 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ماۋ ئەنيىڭ دۈشمەن ئايروپىلانىنىڭ بومباردىمانىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە ھەققانىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئىنتېرناتسىيونالىزملىق روھى سىمفونىيەسى ـــ

1952 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، چاۋشيەن پىڭئەنەن داۋچېڭچۈەن جۇن شىتيەنلى.

پىدائىي قىسىم جەڭچىسى لو شېڭجياۋ مۇزدەك سۇ ئاستىغا ئۈچ قېتىم شۇڭغۇپ كىرىپ، ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى ئىشلىتىپ چاۋشيەنلىك بالا سۇي يىڭنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. شۇ يىلى ئۇ ئەمدىلا 21 ياشقا كىرگەنىدى.

چاۋشيەن خەلقى لو شېڭجياۋ قۇربان بولغان جايغا ياغاچ تاختا تىكلەپ، ئۈستىگە مۇنداق يازدى: «چاۋشيەن تۇپرىقىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن خەلقنىڭ ھەممىسى دوستىمىز يولداش لو شېڭجياۋنى مەڭگۈ ئەستە ساقلاپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىنتېرناتسىيونالىزملىق روھىدىن ئۆگىنىشى كېرەك».

ئۇرۇشتا، جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئىككى دۆلەت خەلقى ۋە ئارمىيەسى مەنپەئەتداش، تەقدىرداش بولۇپ، ھايات ـ ماماتتا بىللە بولۇپ، ئىسسىق قېنى بىلەن ئۇلۇغ جەڭگىۋار دوستلۇقنى ئورناتتى. پىدائىي قىسىمنىڭ قوماندان ـ جەڭچىلىرى جەڭ مەيدانىدا باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەننى يوقاتتى، ئادەتتىكى ۋاقىتتا چاۋشيەننىڭ ھەربىر تاغ ـ دەرياسىنى، ھەربىر تۈپ گۈل ـ گىياھنى ئاسرىدى، چاۋشيەن خەلقىنىڭ يىپ ـ يىڭنە چاغلىق نەرسىسىنىمۇ ئالمىدى، پۈتۈن كۈچى بىلەن چاۋشيەن خەلقىگە ياردەم بەردى.

1958 ـ يىلى، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى ئۆزىنىڭ كاتتا دۆلەت زىيارىتىدە، چاۋشيەن رەھبەرلىرى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇنداق دېدى: «جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى چاۋشيەندە خەلقىمىز مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغان ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قالدۇردى... سىلەر ياراتقان ئۇلۇغ تۆھپە پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىيونالىزمنىڭ ئۈلگىسى، ئۇ تەرەققىيپەرۋەر ئىنسانىيەت تارىخىي سەھىپىسىگە مەڭگۈ يېزىلىدۇ».

جەڭ بايرىقى نېمە ئۈچۈن سۇرەتتەك گۈزەل، چۈنكى ئۇ قەھرىمانلارنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان. زېمىندىن نېمە ئۈچۈن باھار كەتمەيدۇ، چۈنكى قەھرىمانلارنىڭ ھاياتىدىن گۈللەر ئېچىلغان...

جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار مۇزېيىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان «ئۇلۇغ غەلىبىنى ئەستە چىڭ ساقلاش تىنچلىق، ھەققانىيەتنى قوغداش ـــ جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش باش تېما كۆرگەزمىسى»دە مۇنداق بىر گۇرۇپپا سانلىق مەلۇمات بار: «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ ئۇرۇشىدا، ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ 2 مىليون 900 مىڭدىن ئارتۇق پىدائىي قىسىم قوماندان ـ جەڭچىسى چاۋشيەنگە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتناشقان، ئىككى يىل توققۇز ئاي قان كېچىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىش ئارقىلىق، جەمئىي 710 مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقاتقان، يارىلاندۇرغان ۋە ئەسىرگە ئالغان، 360 مىڭدىن ئارتۇق پىدائىي قىسىم جەڭچىسى ئۇرۇشتا يارىلانغان ۋە قۇربان بولغان...»

پىدائىي قىسىمدا ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ 300 مىڭدىن ئارتۇق قەھرىمان، تۆھپىكار ۋە 6000غا يېقىن تۆھپىكار كوللېكتىپ بارلىققا كەلدى. ئۇلار جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قەھرىمان ئوغۇل ـ قىزلىرى بولۇشقا مۇناسىپ، ۋەتەننىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە دۇنيا تىنچلىقىنىڭ كۈچلۈك قوغدىغۇچىلىرى بولۇشقا مۇناسىپ، «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر» دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇناسىپ.

ئۇلۇغ روھ زامان ـ ماكاندىن ھالقىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتتى.

تارىختىن كەلگۈسىگە، غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلەش كېرەك. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇش ئوتىدا تاۋلانغان جۇڭگو جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. مۇشۇ پەيت، مۇشۇ دەقىقىدە، مەڭگۈ يىمىرىلمەس ھەقىقەت يەنە بىر قېتىم كىشىلەرنىڭ قەلبىدە چەكسىز ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتتى ـــ

ھەققانىيەت جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ! تىنچلىق جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ! خەلق جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ!

**(قاتناشقان مۇخبىرلار: ۋاڭ ۋېي، زوۋ مىڭجۇڭ، جاڭ يىفېي) (شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ داشۆ پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مېڭ فەنلى، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى پەرھات جالال، شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى سۇن شيۇلىڭ، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خې پىڭ، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى ماركسىزم شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لياڭ يۈچۈن قاتارلىقلار 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش، 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان شىنجاڭ خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور نەتىجە ـ ئۈنۈمنى تولۇق تونۇش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە مۇھىم، زور تەدبىرلىرىگە پۇختا تۈرتكە بولۇش، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش، يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇش قاتارلىق ئالتە جەھەتتىن لېكسىيە سۆزلىدى. لېكسىيە سىستېمىلىق، ئومۇميۈزلۈك، مەزمۇنى مول بولدى.

«ئالىي مەكتەپلەر ‹قانداق ئادەم تەربىيەلەش، ئادەمنى قانداق تەربىيەلەش، كىم ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش› بۇرچىنى ئۈستىگە ئالغان، بىز مەكتەپلەرنىڭ ‹بەشتە تەربىيەلەش ياتىقى› بەرپا قىلىشنى تۇتقا قىلىپ، ‹ئۆچكە كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش›نى ۋاستە قىلىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە تەربىيەسى ئاساسىي بازىسىنى پۇختا ئىگىلەپ، ھەم قىزىللاشقان، ھەم ئىختىساسلاشقان، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىختىساسلىقلار كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيمىز» دېدى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسى ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋېي شىن لېكسىيەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، شىنجاڭ سانائەت كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىنىڭ دوكلات زالىدا 300دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى نەق مەيداندا لېكسىيە ئاڭلىدى. شىنجاڭ سانائەت كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە ئوقۇتۇش بۆلۈمىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ياۋ چيەنيۈ بىر تەرەپتىن ئاڭلىغاچ بىر تەرەپتىن خاتىرە قالدۇردى، ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرى زىچچىدە توشۇپ كەتكەنىدى.

«ئالىي مەكتەپنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بىلەن كاللامنى قوراللاندۇرىمەن، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىمەن. مائارىپ ئوقۇتۇشى جەريانىدا دەرسخانا ئوقۇتۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي يولدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە تەربىيەسىنىڭ يېقىشچانلىقى ۋە قاراتمىلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش، تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجى ۋە ئارزۇسىنى قاندۇرىمەن» دېدى ياۋ چيەنيۈ.

«لېكسىيەنى ئاڭلاپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىغا بولغان چۈشەنچەم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، شۇنداقلا يۇرتۇمنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا بولغان ئىشەنچىم تولۇپ تاشتى.» شىنجاڭ سانائەت كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى بوغالتىرلىق كەسپىنىڭ 2 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى جاڭ زىخەن مۇنداق بىلدۈردى: «ۋاقىتنى قەدىرلەپ ياخشى ئۆگىنىپ، تىرىشىپ قابىلىيىتىمنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسىتىمنى بېغىشلايمەن».

2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 919 مىليارد 590 مىليون يۈەندىن كۆپىيىپ 1 تىرىليون 359 مىليارد 710 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.2% ئاشتى... سانلىق مەلۇماتلار نەتىجىنى ئەكس ئەتتۈردى، شۇنداقلا ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ، كۈرەش قىلغۇچىلاردىن بولۇشىغا ئىلھام بەردى.

شىنجاڭ داشۆنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، توغراق روھى ۋە بىڭتۇەن روھىنى تىرىشىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، يېڭى دەۋردە چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، چېگرا رايونغا ئۆزىمىزنى بېغىشلاپ، يېڭى دەۋردە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىمىز.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)